# 106460 - روزىدارنىڭ بىر قانچە قېتىم يۇيۇنىشى توغرىسىدا

## سۇئال

روزىدار كۈندۈزدە بىرقانچە قېتىم يۇيۇنسا ياكى كۆپ ۋاقىت ھاۋا سوۋۇتقۇچنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالسا توغرا بولامدۇ؟ چۈنكى ھاۋا سوۋۇتقۇچ نەملىك چىقىرىدىغان تۇرسا؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

روزىدارنىڭ يۇقىرىدا سورىغىنىدەك قىلىشى دۇرۇس، بۇنىڭ روزىغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ روزا تۇتقان ۋاقتىدا ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى ياكى تەشنالىقتىن ئۈستىگە سوغۇق سۇ قۇيۇپ تۇراتتى. ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇئەنھۇمۇ رامىزاندا ئىسسىق ياكى تەشنالىق سەۋەبىدىن كىيىملىرىنى سۇ بىلەن ھۆل قىلىپ كىيىۋالاتتى،نەملىك دېگەن روزىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئاشقازانغا يەتمەيدۇ.